The Six Arguments between Uyghur and China at History

# ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئالتە بەس

ئاپتور: قۇربان ۋەلى

2026- يىل 10-ئاي، ۋاشىنگتوندا تەييارلاندى

# ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئالتە بىتىم

**(بۇ ئالتە بېتىم پۈتۈن ھۇن،تۈرك ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئورتاق)**

**مەزكۇر <ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئالتە بېتىم> مىلادىيىدىن بۇرۇن ئۈچىنچى ئەسىردىن مىلادى 1940 – يىللارغىچە بولغان ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە يېزىلغان خىتايچە تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرۈلگەن ئۇيغۇر*- خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر ۋەقەلەر ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلدى. بۇ بىتىملەر ئەينى زاماندا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تارىخىنى ئۆزگەرتكەن.**

* 烏揭، 回鶻، 狐胡، 回紇 ، 袁紇، 車高، 鉄勒، 鬼方، 丁零

**'ئۇيغۇر' توغرىسىدا قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن <ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي ماتېرىياللىرى> (ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان نۇسخا)دا بېرىلگەن تەبىرگە ئاساسلانغاندا، يۇقارقى خىتايچە دۆلەت ياكى مىللەت ناملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ ، بۇ ناملار مىلادىيىدىن ئىلگىرى 8- ئەسىردىن مىلادى 10 – ئەسىر گىچە سەددىچىنىنىڭ ئىچىدە يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ.**

**<u>بېتىم تۈزگەن بىر تەرەپ:</u> سەددىچىنىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى لياۋ دەرياسى ساھىللىرىدىن ئېگىن (ئادرىياتىك) دېڭىزىغىچە سوزۇلغان كەڭ زىمىندە پەسىل، سۇ ۋە ئېقىلمىغا قاراپ كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى قۇرغان <ھون تەڭرىقۇتى>، <تۈرك قاغانلىقى>، <ئۇيغۇر قاغانلىقى> دېگەن چوڭ دۆلەتلەر ۋە كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان دۆلەتلەر.**

**<u>بېتىم تۈزگەن يەنە بىر تەرەپ:</u> ئۆزلىرى بىنا قىلغان سەددىچىن (دۆلەت چېگرىسى) ئىچىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشىغان خەن ، سۈي، مىڭ، جوڭخۇا مىنگو دەپ ئاتالغان دۆلەتلەر.**

# تۇنجى بىتىم

مىلادىدىن بۇرۇن 200 – يىلى ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت بىلەن خەن پادىشاھى لىيۇباڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن.

بىتىمدە خەن سۇلالىسى سەددىچىن سېپىلىدىن قايتا ئۆتمەسلىككە ۋە ھەر يىلى ھون تەڭرىقۇتىغا ئولپان تۆلەپ تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن.

بۇ بىتىمنىڭ ھېكايىسى خىتايچە تارىخ كىتابلىرىدا <بەيدېڭسەن مۇھاسىرىسى> دەپ ئاتىلىدۇ. *<白登 之围>

* <خەننامە.ھۇنلار تەزكىرىسى>، <تارىخنامە.ھۇنلار تەزكىرىسى>گە قاراڭ

**بىتىمنىڭ ھېكايىسى:**

مىلادىدىن بۇرۇن 206- يىلى، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يېتەكچىسى لىيۇباڭ ھون تەڭرىقۇتىنىڭ قوللىشى بىلەن چىن سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ <خەن سۇلالىسى> نى قۇرىدۇ. بۇلاڭ-تالانغا ئادەتلەنگەن ئىسيانچى لىيۇباڭ مىلادىدىن بۇرۇن 200 –يىلى، ھون تەڭرىقۇتىنى بۇلاڭ-تالان قىلىشنى ئويلاپ ، 320 مىڭ لەشكەر باشلاپ داتوڭ شەھەرچىسى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدە) گە بېرىپ ، ھونلارغا قارشى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرىدۇ. بەيدېڭسەن تېغىدا قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا تۇرغاندا ، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

ھۇن چەۋەندازلىرى غەرپ تەرەپتە ئاق ئاتلىق، شەرق تەرەپتە بوز ئاتلىق، شىمال تەرەپتە قارا ئاتلىق، جەنۇپ تەرەپتە جەدە ئاتلىق بولۇپ سەپ تۈزۈپ بولغاننى كۆرگەن لىيۇباڭ خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇ، مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەندە، باتۇر تەڭرىقۇتنى سۆھبەتكە

**چاقىرىپ بىتىم تۈزىدۇ، خەن سۇلالىسى تەرەپ سەددىچىن سېپىلىدىن قايتا ئۆتمەسلىككە ۋە ھەر يىلى ھون تەڭرىقۇتىغا ئولپان تۆلەپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت مۇھاسىرىنى بوشىتىدۇ.**

**بىتىمدىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇن تەڭرىقۇتلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرمەيدۇ. ئەمما شۇ تىنچ يىللاردا ( مىلادىدىن بۇرۇن 112 – يىلى)، خەن سۇلالىسى تارتۇق تۆلەشكە قارشىلىق بىلدۈرىدىغان بىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ. بۇ چاغدا، ھون تەڭرىقۇتى 'چان' قەبىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، خەن سۇلالىسىنى شىمال بىلەن جەنۇپتىن قىسماققا ئېلىش ھىلىسىنى قوللۇنۇپ، قارشىلىقنى تىنجىتىپ، خەن سۇلالىسىنى بەش مىڭ تاغار ئاشلىق، يۈز مىڭ توپ يىپەك ، يۈزمىڭ كۆپ بوزا تارتۇقنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ.**

**بىتىمنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرنىشى:**

**▲ <ھۇن تەڭرىقۇتى> مىلادىدىن بۇرۇن 4-ئەسىردىن مىلادى 4- ئەسىرگىچە سەددىچىننىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولغان بىر قۇدرەتلىك دۆلەت. تارىخچىلار بۇ دۆلەتنى <ھۇن تەڭرىقۇتى> دەپ ئاتايدۇ. 'تەڭرىقۇت' دېگەن سۆز تۈركىي تىللاردا 'تەڭرىنىڭ ئوغلى'، 'تەڭرى ئاتا قىلغان بەخت' دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.**

**<ھۇن تەڭرىقۇتى> دېگەن دۆلەتنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە مۇئەييەن يازما ئىسپات يوق، ئەمما تارىخىي خاتىرىلەردە، ھونلار مىلادىدىن بۇرۇن 318- يىلى (ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە) سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى خەن، جاۋ، ۋېي، يەن، چى دېگەن 5 بەگلىك بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان دەپ بايان قىلىنغانلىقىدىن قارىغاندا، <ھۇن تەڭرىقۇتى> مىلادىدىن بۇرۇن 4-ئەسىردە ئالللىقاچان بىر قۇدرەتلىك دۆلەت.**

**▲<خەن سۇلالىسى> مىلادىدىن بۇرۇن 206-يىلدىن مىلادى 23-يىللارغىچە سەددىچىننىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولغان بىر قۇدرەتلىك دۆلەت، پايتەختى چاڭئەن (شىئەن). بۇ سۇلالىنى ھۇنلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ 'چىن' دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىسيانچى ليۇباڭ قۇرغان.**

**خەن سۇلالىسى پادىشاھى ليۇباڭ (خەنزۇدى) مىلادىدىن بۇرۇن 114- يىلى، جاڭچەن ئىسىملىك**

بىر ئەربابنى چولۇڭ سودىگەر قىياپىتىدە غەربكە (تارىم ۋادىسىغا) ئەۋەتىپ، ئۇچۇر توپلىغۇزىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، مىلادىدىن بۇرۇن 200 – يىلى، هون تەڭرىقۇتىغا قارشى ئۇرۇش قوزغايدۇ (قوماندانلىرىنىڭ ئىسمى ۋېيچىڭ، خاۋچۈبىن). ئۇرۇش ئالدى بىلەن هازىرقى سەنشى دائىرىسىدە باشلىنىدۇ. خەنۋۇدى ئۆزى بەيدېڭسەن تېغىدا مۇهاسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، هون تەڭرىقۇتىنى سۆهبەتكە چاقىرىپ بىتىم تۈزىدۇ. بىتىمدىن كېيىن هۇن كۈچلىنىدۇ. خەن سۇلالىسى بولسا ئاجىزلايدۇ ۋە مىلادى 23-يىلىغا كەلگەندە ئىچكى توپىلاڭدا گۇمران بولىدۇ.

▲ <شەرقىي خەن سۇلالىسى> (كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مىلادى 25-220-يىللاردا مەۋجۇت، پايتەختى لويالڭ. بۇ، خەن مىللەتچىلىكى يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن سۇلالە. بۇ سۇلالە قۇرۇلۇپلا هۇنلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان. بۇ سۇلالىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى قاراسۇ دەرياسىنىڭ (خۇاڭخې دەرياسىنىڭ) غەربىدىكى رايونلاردا (گەنسۇ دائىرىسىدە) تۇرىدىغان هۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. يەنە بىر قوشۇنى (بەنچاۋ قىسىملىرى) تارىم ۋادىسىغا هۇجۇم قىلىپ، غەربىي هۇنلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى هۇن تەڭرىقۇتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ بىر قاتار ئۇرۇشلار خىتايچە كىتابلاردا 'ئۈچ ئېچىلىش - ئۈچ يېپىلىش' دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، تارىم ۋادىسىغا ئۈچ قېتىم كىرىپ ئۈچ قېتىم چېكىنىپ چىقىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يۈز بەرگەن بۇ بىر قاتار ئۇرۇش نەتىجىسىدە ، شەرقى خەن سۇلالىسى ئۆزى گۇمران بولۇپ، زېمىنىدە ۋېي، شۇ، ۋۇ دەپ ئاتالغان ئۈچ بەگلىك پەيدا بولىدۇ. هۇن دۆلىتى بولسا ئىككىگە پارچىلىنىدۇ. غەربىي هۇنلار تارىم ۋادىسىنى قايتىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قۇدرەت تېپىپ، مىلادى 4-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ غەربكە كەڭىيىپ (غەربكە يۈرۈش قىلىپ) رۇم ئېمپىرىيەسىنى ئاغدۇرىدۇ. شەرقىي هۇنلار بولسا سەددىچىننىڭ ئىچىدىكى ۋېي،شۇ، ۋۇ دەپ ئاتالغان ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشلاردىن پايدىلىنىپ، سەددىچىننىڭ ئىچىگە كەڭىيىشكە باشلايدۇ. مىلادى 220-يىلىدىن باشلاپ سەددىچىننىڭ ئىچىدە <بەش خور قۇرغان 16 دۆلەت> پەيدا بولىدۇ. هۇن، تۈرك ئەۋلادلىرى خىتايچىدا 'خور' دەپ ئاتىلاتتى.

# ئىككىنجى بىتىم

**مىلادى 615- يىلى، سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭجەن بىلەن تۈرك قاغانلىقى قاغانى ئىشبارا قاغان ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن.**

**بۇ بىتىمدە، سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ياڭجەن ئىككىنجىلەپ تۈرك قاغانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىماسلىققا ۋە ھەر يىلى ئولپان تۆلەپ تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن.**

**بۇ ۋەقە خىتايچە تارىخىي كىتابلاردا <يەنمېن مۇھاسىرىسى> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى <سۈي نامە. تۈركلەر تەزكىرىسى>، <جۇنامە.تۈركلەر تەزكىرىسى> دە بايان قىلىنىدۇ.** (雁 门 之围)

**بىتىمنىڭ ھېكايىسى:**

**سۈي سۇلالىسى مىلادى 518-يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا ، تۈرك قاغانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغايدۇ. ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتقىلى 26 يىل بولغاندا (مىلادى 615-يىلى) سۈيياڭدى پادىشاھ (ياڭجەن) تۈرك قاغانلىقى بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۆزى پايتەخت چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) دىن لەشكەر تارتىپ، ھازىرقى سەنشى تەۋەسىدىكى يەنمېن ھەربىي بازىسىغا بارىدۇ.**

**تۈرك قاغانلىقى قاغانى ئىشبارا قاغان ئۆزى بىر قۇدرەتلىك مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، سۈيياڭدى پادىشاھنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا، سۈي سۇلالىسى دائىرىسىدە قوزغىلاڭ پەيدا ئويۇشتۇرىدۇ.**

**سۈي سۇلالىسى خەلق قوزغىلىڭىدا گۇمران بولۇش خەۋپىگە يۈزلەنگەندە، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئۆز پادىشاھىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۈرك قاغانلىقىغا 'سوۋغات يوللاش'، 'مەلىكە تەقدىم قىلىش'**

**دىپلوماتىيىسىنى قوللىنىدۇ. ئەمما بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا قوللانغان ھىيلە- مىكىرلەر ئۈنۈم بەرمەيدۇ.**

**سۈيياڭدى پادىشاھ ياڭجەن ئامالسىز قالغاندا، ئىشبارا قاغاننى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. سۆھبەتتە سۈيياڭدى پادىشاھ بۇنىڭدىن كېيىن تۈرك قاغانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىماسلىقا ۋە ھەر يىلى ئولپان تۆلەپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىدۇ. ئىشبارا قاغان مۇھاسىرىنى بوشىتىدۇ.**

**بىتىمدىن كېيىن ئۈچ يىلغىچە،يەنى سۈي سۇلالىسى مىلادى 618 -يىلى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغىچە تىنچلىق داۋام قىلىدۇ.**

**بىتىمنىڭ تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى:**

**▲<تۈرك قاغانلىقى> ئالتاي تاغلىرىدا مېتاللىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈرك قوۋملىرىنىڭ سەردارى تۇمەنخان (ئۆزىنى 'ئىلى قاغان' دەپ جاكارلىغان) مىلادى 552-يىلى ئۆتتۈكەن تېغىدا قۇرغان قاغانلىق. بۇ قاغانلىق مىلادى 744-يىلىغىچە داۋام قىلغان. بۇ جەريانىدا سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان دائىرىنى ئىدارە قىلغان. بۇ قاغانلىق شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادى 23-220- يىللاردا) ۋە سۈي سۇلالىسى (مىلادى 581-618 يىللاردا) بىلەنكى ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئىككىگە پارچىلىنىدۇ.**

**▲<سۈي سۇلالىسى> بۇ سۇلالىنى خەن مىللەتچىسى ياڭجەن شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن سەددىچىننىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان "ئۈچ دۆلەت" ، 'جەنۇبىي ۋە شىمالى سۇلالىلار' نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرغان. بۇ سۇلالە گەرچە 581- يىلىدىن 618- يىلىغىچە ئاران 37 يىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سۇلالىدا خىتاي مىللەتچىلىكى يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن. ياجەن بۇ سۇلالىنى قۇرغاندىن كېينلا ، تۈرك قاغانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان. بۇ 37 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسىدە سۈي سۇلالىسى ئۆزى تەلتۆكۈس گۇمران بولغان، تۈرك قاغانلىقى ئىككىگە پارچىلانغان.**

# ئۈچىنچى بىتىم

مىلادى 628 – يىلى، تۈرك قاغانى ئىلى قاغان بىلەن تاڭ پادىشاھى لىشمىن ئوتتۇرىسىدا ۋېيخې دەرياسىنىڭ لەيلىمە كۆۋرۈكىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە تۈزۈلگەن.

بىتىمدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈرك قاغانلىقى دوست بولۇش، ئۇرۇش قىلماسلىق ۋە تاڭ سۇلالىسى ھەر يىلى تۈرك قاغانلىقىغا ئولپان تۆلەپ تۇرۇش بەلگىلەنگەن.

بۇ بىتىمنىڭ ۋەقەلىكى خىتايچە تارىخىي كىتابلاردا <ۋېيخې دەرياسىدىكى دوستلۇق > دەپ 渭水之盟 ئاتىلىدۇ.

بۇ ۋەقە <يېڭى تاڭنامە>، <كونا تاڭنامە>لەردە بايان قىلىنىدۇ.

**بىتىمنىڭ ھېكايىسى:**

مىلادى 628- يىلى، تاڭ سۇلالىسىدا تەيزوڭ لىشمىن (تاڭ تەيزوڭ) تەختكە چىققاندىن كېينلا ، تۈرك قاغانلىقىغا قارشى ھەممە سەپتىن تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەققىدە پۈتۈن تاڭ لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈرك قاغانلىقىغا باشلىغان ھۇجۇمى ئالدى بىلەن تەيخاڭسەن تاغلىرىدا باشلىنىدۇ. بۇ رايوندا باشلانغان ئۇرۇشتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۇوجۇدا (ھازىرقى سەنشى تەۋەسىدە) تۇرۇشلۇق 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تۈرك قاغانى ئىلى قاغاننىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تەلتۆكۈس يوقىتىلىدۇ. بۇنداق چوڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان تاڭتەيزوڭ لىشمىن دەرھال ئىلى قاغاننى ۋېي دەرياسى بويىدا (ئورنى ھازىرقى شىئەن شەھرىگە يېقىن) سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ.

**بتمنىڭ تارىخي ئارقا كۆرنىشى:**

**▲ <تاڭ سۇلالسى> ملادى 618-907 –يىللاردا مەۋجۇت، بۇ سۇلالنى قۇرغان كشى سۇي سۇلالسنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان هۇن نەسىللىك لىيۇەن. ئۇ 'تاڭ ئاتىسى' (تاڭ گاۋزۇ) دەپ ئاتالغان. ئەينى زاماندا تاڭ سۇلالسنىڭ پايتەختى چاڭئەن شەهرىدە تۈركى تىل خان تىلى بولغان. تارىخي كتابلاردا ئېيتىلىشچە، لىيۇەننىڭ ئەۋلادلىرى تۇركچىنى راۋان سۆزلەيتتى. ئۇلار ئادەتتە ختايچىنى پەقەت بىلمەيدىغان تۈركىي تىللىق كىشىلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشاتتى ۋە دايىم بىللە شىكارغا چىقىپ، هەربىي مەشىق ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى.**

**تاڭ پادىشاهى لىيۇەن ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ملادى 628- يىلى تەختنى ئوغلى لىشمىن (تاڭ تەيزوڭ)غا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. لىشمىن ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشقا (تۈرك قاغانلىقى بىلەن بىرلىششكە) ۋەدە بېرىپ تەختكە چىققان ئىدى. ئۇ، ئوردا ئىچىدىكى سۇي سۇلالسى قالدۇقلىرىدىن بولغان تەربىيچىلىرىدىن هىلە-نەيرەڭنى ناهايتى كۆپ ئۆگىنىپ، پۈتۈن ئالەمنى بوي سۇندۇرۇشقا بەل باغلاپ چوڭ بولغاچقا، تەختكە چىقىپلا، پۈتۈن ئالەمنى بوي سۇندۇرۇش نىشانىنىڭ بىرىنچى قەدىمى تۈرك قاغانلىقىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشتىن باشلىماقچى بولغان. بۇ مەقسەت ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سۇۋجۇ (هازىرقى سەنشى تەۋەسىدە ) دا 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار تۈرك قاغانى ئىلى قاغاننى بىخۇتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر تەرەپتىن ناهايتى كۆپ ئالتۇن-كۆمۈش، تاۋا-دۇردۇن سوغات يوللاپ، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرك قاغانلىقىغا پۈتۈن سەپتىن هۇجۇمغا ئاتلىنىش هەققىدە تاڭ لەشكەرلىرىگە بۇرۇق چۈشۈرگەن.**

**تاڭ سۇلالسىنىڭ تۈرك قاغانلىقىغا قارشى قوزغىغان ئۇرۇشى ئالدى بىلەن تەيخاڭسەن تاغلىرىدا باشلىنىدۇ. بۇ رايوندا باشلانغان ئۇرۇشتا، ئىلى قاغاننىڭ قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالسىنىڭ سوجۇ دا تۇرۇشلۇق 100 مىڭ كىشىلىق قوشۇننى تەل-تۆكۈس تارمار قىلىدۇ. بۇ چاغدا، تاڭتەيزوڭ لىشمىن دەرهال ئىلى قاغاننى ۋېي دەرياسى بويىدا سۆهبەت ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىپ، تۈرك قاغانلىقى بىلەن بىتىم تۈزىدۇ. تاڭتەيزوڭ لىشمىن تۈرك قاغانلىقىغا ئولپان تۆلەپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىدۇ. ئىلى قاغان بىتىمگە ئەمەل قىلىپ ، غەلىبە قىلغان ئالدىنقى سەپتىن ئەسكەر چېكىندۈرىدۇ.**

**گەرچە تاڭ تەيزوڭ لىشىمىن سۈيجۈ رايونىدىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قازانمىغان بولسىمۇ، ئەمما هازىرقى گەنسۇ، نىڭشا قاتارلىق جايلادا قوزغىغان هوجۇملاردا تۈرك قاغانلىقىنى ناهايىتى ئېغىر زەخىملەندۈرگەن ئىدى. تۈرك قاغانلىقىنىڭ هازىرقى نىڭشادا تۇرۇشلۇق 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى شۇ جايدىكى تۈرك پۈقرالىرى بىلەن بىللە پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئېلىپ هەيدەپ كەتكەن. ئىلى قاغانىنىڭ بۇ رايوندىكى ئالاقە تورى تامامەن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، ئۇ، مەزكۇر جايلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن خەۋەرسىز قالغان.**

**ئىلى قاغان ئۆزى غەلىبە قىلغان رايوندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈپ شىمال تەرەپتىكى تۈرك يۇرتلىرىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا ، ئالىقاچان تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرىۋالغان 'تۇيغۇن' قەبىلىرى ئىلى قاغاننى يول بويىدىكى ئۆتەڭلەردە 'قىزغىن' قارشى ئالىدۇ. 'تاڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ' كەلگەن تاڭ سانغۇنى جاۋدې دېگەن جاسۇسمۇ بۇ چاغدا ئىلى قاغانىنىڭ دىپلوماتىيە مەسلىھەتچىسى بولىۋالغان ئىدى. تۈرك قاغانلىقى دائىرىسىدىكى يۇرتلارغا كېلىپ پانالىق تىلىگەن قىتان، جۇرجىت قەبىلىلىرى بولسا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قىممەتلىك سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇلار بىرلىشىپ ئىلى قاغاننى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇشۇرۇن قىسىملىرىغا تۇتۇپ بېرىدۇ. ئىلى قاغان تاڭ پايتەختى چاڭئەن شەهىرىگە ئېلىپ كېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سەددىچىن بويلىرىدا ياشايدىغان تۈرك قوۋملىرى ئۆزىنىڭ باتۇر يولباشچىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. قۇلان تاغلىرىدا (هازىرقى گەنسۇ، نىڭشا دائىرىسىدە) ياشايدىغان تۈرك قوۋملىرىمۇ تۈرك قاغانلىقىنىڭ سەددىچىن ئەتراپىدا تۇرۇدىغان قوراللىق كۈچلىرىنىڭ هىمايىسىدىن مەهرۇم قالىدۇ.**

# تۆتىنچى بىتىم

**مىلادى 757-يىلى ئۇرخۇن ۋادىسىدا ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە تۈزۈلگەن. بۇ سۆھبەتكە تاڭ سۇلالىسىدىن قۇماندان گوزىيى بىلەن تاڭ ئوردىسىنىڭ ئۇيغۇر ۋەزىرى بۆكەقەيىن كەلگەن.**

**بۇ بىتىمدە ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن تاڭ سۇلالىسىغا ھەربىي ياردەم بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىدا يۈز بەرگەن 'ئانروكشان -سايغۇن قالايمىقانچىلىقى' (بەزى تارىخچىلار ئۆڭلۈك-سۆيگۈن قالايمىقانچىلىقى دەپ ئاتايدۇ) نى تىنجىتىش بەلگىلەنگەن.**

**بۇ ۋەقە ھەققىدە <كونا تاڭنامە>، <ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى> دېگەن خىتايچە تارىخىي كىتابلاردا ۋە ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئېنىق بايانلار بار.**

**بېتىمنىڭ ھېكايىسى:**

**تاڭ سۇلالىسى مىلادى 751 – يىلى، ئاباسىيلارنىڭ (ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ) شەرققە كەڭىيىشىنى توسۇش دېگەن نام بىلەن تالاسقا (ئورنى ھازىرقى قازاقىستان –قىرغىزستان چېگرىسىدا) ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئۆز پىلانى بۇيىچە، ئەرەبلەرنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى توسۇش دېگەن نامدىكى بىر شىددەتلىك ھۇجۇم ئارقىلىق ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئوت قويۇپ، ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى ئۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما بۇ شىددەتلىك ھۇجۇم ئەمەلىيەتتە بىر چوڭ مەدەنىيەت توقۇنۇشىغا ئايلىنىپ، بۇ توقۇنۇشتا تاڭ سۇلالىسى ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، تاڭ لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي تار-مار بولۇپ قاچىدۇ.**

**تالاس ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، مىلادى 755 – يىلى تاڭ سۇلالىسىدا ئانروكشان-سايغۇن ئىسيانى' يۈز بېرىدۇ. بۇ ئىسياننى تاڭ سۇلالىسىدا ئەمەل تۇتىۋاتقان ستېراتېگىيىچىلەردىن**

ئانروكشان (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋياڭ شەھرىدە چوڭ بولغان، ئەسلى توققۇز جاۋۇپ سوغداقلىرى نەسلىدىن) بىلەن سايغۇن (ئاسىنا تۈركلىرى نەسلىدىن) ئىككىسى قوزغىغان. تالاس ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن تاڭ ئەسكەرلىرى بۇ ئىسيانغا قاتنىشىدۇ. تاڭ سۇلالىسىدا سەككىز يىلغىچە جەمئىيەت تىنجىماي ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات توختاپ قالىدۇ ۋە تاڭ سۇلالىسىدىكى 53 مىليون نوپۇسنىڭ 30 مىليونى ئاچارچىلىققا يۈزلىنىدۇ. تاڭشۇەنزوڭ پادىشاھ پايتەخت چاڭئەننى تاشلاپ سىچۇەنگە (تۆت دەريا رايونىغا) قاچىدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇر قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ ھەربىي ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ.

ئۇرخۇن ۋادىسىدا تۈزۈلگەن بۇ بىتىمدە، ئۇيغۇر قاغانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى ئىسيانىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، يەر-زېمىن تاڭ سۇلالىسىغا قالىدۇ، جەڭدە ئېلىنغان ئولجا (ئالتۇن، كۈمۈش، تاۋار- دۇردۇن ۋە باققۇچىسىز قالغان قىز-چوكانلار ) ئۇيغۇر قاغانلىقىغا تەۋە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

بىتىمدىن كېيىن، ئۇيغۇر قاغانلىقى 4 مىڭ چەۋەنداز بىلەن جەڭگە ئاتلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى شەھەرلىرىدە يەرلىك ئاھالىلار كوچىلارغا چىقىپ ئۇيغۇرچە ئۇسۇل ئويناپ، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى قارشى ئالىدۇ. ئۇيغۇر قاغانلىقى قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 13 شەھرىنى ئىسيانچىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرىۋالىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىغا ھەربىي ياردەم بېرىش ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇر قاغانلىقى تېخىمۇ كۈچلىنىپ كېتىدۇ. تاڭ سۇلالىسى بولسا ئۇيغۇر قاغانلىرىدىن 11 قاغاننى 'ئاي تەڭرىدىن تۆرەلگەن'، 'كۈن تەڭرىدىن تۆرەلگەن'، 'دانا ھەم بەخت ئىگىسى' دېگەندەك خىلمۇ-خىل شانۇ-شەۋكەتلىك ئۇنۋانلار بىلەن تارتۇقلايدۇ. تاڭ بازارلىرىنى ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۈچۈن ئېچىۋېتىدۇ. تاڭ سۇلالىسىمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى كارۋان يولى (يىپەك يولى) دىكى يەتتە سۇ، ياشارتىش (سىر دەريا) ۋادىلىرىدا، پەرغانە ئويمانلىقىدا ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى كۆسەن (كۇچار) قاتارلىق شەھەرلەردە خەلقئارا بازار ئاچىدۇ. تاڭ سۇلالىسىدىن بەدىزچى (مىمارچى) ئەكىلىپ، ئۇرخۇن

**ۋادىسىدا خانبالىق، بايبالىق، قۇنچۇيبالىق دېگەن ھەشەمەتلىك شەھەر-قەلئەلەرنى بىنا قىلدۇردۇ. شۇنداقلا، مەڭگۇ تاش تىكلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر قاغانلىقى پۇقرالىرىمۇ، تالاش سۇلالىسى پۇقرالىرىمۇ چۈشىنەلەيدىغان تېكىستلەر بىلەن تارىخنى يېزىپ چىقىپ، ئەۋلاتلار ئۈچۈن ئىبرەتلىك مەنىۋي مىراس قالدۇردۇ.**

**بىتىمنىڭ تارىخي ئارقا كۆرنىشى:**

**▲ <ئۇيغۇر قاغانلىقى> تۈركىي خەلقلەر قۇرغان <ھۇن تەڭرىقۇتى> ، <تۈرك قاغانلىقى> دېگەن دۆلەتلەدىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم 'ئۇيغۇ'ر دېگەن نام ئاستىغا ئۇيۇشۇپ قۇرغان بىر چوڭ قاغانلىق. بۇ قاغانلىق مىلادى 744-يىلىدىن مىلادى 840 – يىلىغىچە ( مىلادى 744-747-يىللاردا ئۆتكەن بىلگە قاغاندىن مىلادى 841- 846- يىللارغىچە ئۆتكەن ئۆگە قاغانغىچە) مەۋجۇت. پايتەختى 'ئوردۇ بالىق' ، ئورنى ئۇرخۇن ۋادىسىدىكى ئۆتۈكەن تېغىدا (موڭغولىيىدىكى قاڭاي تېغىدا). سېلىنگا ۋادىسىدىمۇ 'قۇت بالىق؛ دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوردىسى بار. بۇ قاغانلىقنىڭ تېرىتورىيەسى ئۇرخۇن ۋادىسىدىن ئىسسىقكۆل رايونىغىچە (تۇۋا دۆلتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇ قاغانلىقنىڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان پۇقرالىرى 'ئون ئۇيغۇر' دەپ ئاتىلىدۇ ( بۇلار ئۇغۇزلار دۇر. ئۇنىڭ يېتەكچىسى ' ئىلتەبىر' ) .**

**بۇ قاغانلىق تالاش سۇلالىسى بىلەن ياخشى مۇناسىبەت ئورناتقان. تاڭ سۇلالىسىغا ناھايىتى كۆپ ئات سېتىپ بەرگەن. يىللىق سودا مىقدارى ئون مىڭ تۇياق ئات (بىر ئاتقا 44 توپ يىپەك) ئەتراپىدا بولغان. تالاش سۇلالىسىدىن 'بەدىزچى' (تاشچى- مىمارچى ) ئەكىلىپ شەھەر بىنا قىلدۇرغان، مەڭگۇ تاش تىكلەپ، تارىخنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىپ قويغان.**

**بۇ قاغانلىقتا رۇنىك يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى (سوغدىچە) قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلار ئۇرخۇن ۋادىسىدا قوللانغان بۇ يېزىقلارغا موڭغوللار ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭدىن مانجۇلار ئۆگەنگەن.**

**مىلادى 840 – يىلى بۇ قاغانلىقنىڭ ھەمەتلىك ئوردا-قەلئەلىرى 'جۇت' (شىددەتلىك قار- شۇرغان) يۈز بەرگەندە تاشلىنىپ كېتىلگەن، يەنى پۇقرالار يۇرتنى تەرك ئېتىپ، ئەسلى**

**يۇرتلىرىغا قايتىپ ماڭغان. دۇنيادابۇنداق تەبىئى ھادىسىگە تاقابىل تۇرالايدىغان ئىنسان يوق ئىدى. تارىخچىلار بۇ ۋەقەنى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى دەپ ئاتايدۇ. 'جۇت' ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن (مىلادى 846- يىلى) بوش قالغان بۇ رايونغا ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ شىمالىي چىگرىسىدا ياشايدىغان پوقرالىرى ---قىرغىزلار كۆچۈپ كەلگەن.**

**▲ <قاراسۇ ئۇيغۇر خانلىقى> ئۇرقۇن ۋادىسىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى قاراسۇ ۋادىسىدا (سېرىق دەريانىڭ غەرب ساھىللىرى) دا ياشايدىغان يەرلىك ھۇن، تۈرك قوۋملىرى بىلەن بىرلەشكەن. ئۇلار مىلادى 924- يىلى، ئورمۇزدا نىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ خانلىقنى قۇرغان. بۇ خانلىقنى خىتايلار 'گەنسۇ ئۇيغۇرلىرى' دەپ ئاتايدۇ. بۇ خانلىق مىلادى 1036- يىلى ياغلاقار خان دەۋرىدە تاڭغۇت خانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. قاراسۇ ۋادىسىدىكى ھازىرقى يۇگۇلار شۇلارنىڭ ئەۋلادى.**

**▲ <ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى> مىلادى 840 – يىلى ئۇرخۇن ۋادىسىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى پانتېكىننىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ، يەرلىك ئۇيغۇرلار (كونچوگ، كۈي قوۋملىرى ) بىلەن بىرلىشىپ، بۇرۇنقى <كونچوگ خانلىقى> (خىتايچەگاۋچاڭ خانلىقى) ئاساسىدا قۇرغان خانلىق. بۇ خانلىق بارچۇقئارت تېكىن دەۋرىدە چىنگىزخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ قۇدرەت تېپىپ دۇنياغا تۇنۇلغان. بۇ ئەلدە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى (سوغدىچە) ۋە 'چىنچىغا ' (خىتايچىغا) ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىق قوللىنىلغان. بۇددىزم، مانىقايىزم تەرەققى قىلغان، بۇ خانلىق مىلادى 1280-1318- يىللاردا نىرگۇرىل (نولۇن) تېكىن دەۋرىدە چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ خانلىقنىڭ پوقرالىرىنىڭ بىر قىسمى مىلادى 1339- يىلى قاراسۇ خانلىقىغا كۆچۈپ كەتكەن (بۇلار ھازىرقى يۇگۇلاردۇر. )**

**▲ <قاراخانىلار خانلىقى> 'پامىر ئۇيغۇرلىرى' دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ خانلىقنى مىلادى 840 – يىلى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى كۆل بىلگە قادىرخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەرگە كېلىپ قۇرغان. بۇ دۆلەتتە سۇلتان ساتۇق بۇغرا خان زامانىدا (مىلادى 934- 955-يىللاردا) ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى باشلىنىدۇ. بۇ دەۋرىدە <تۈركىي تىللار دىۋانى> ، <قۇتادغۇ بىلىك> قاتارلىق بۈيۈك ئەسەرلەر يېزىپ چىقىلىدۇ. مىلادى 1132- يىلى ئىملدە قۇرۇلغان قاراختاي خانلىقى تا مىلادى 1218- يىلىغىچە بۇ ئەلگە پاراكەندىچىلىك سالىدۇ.**

▲ <كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى> مىلادى 11- ئەسىردىن 15 – ئەسىرگىچە مەۋجۇت، بۇ دۆلەتنى قاراخانىيلار قاراختاي تىجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇددىزىم داۋاملىشىۋاتقان بۇ قەدىمقى كۇسەنگە كېلىپ يەرلىك خەلق (توخرىلار) بىلەن بىرلىكتە قۇرغان.

▲<چاغاتاي خانلىقى> مىلادى 1318- 1352- يىللاردا مەۋجۇت. بۇ نام تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى نىرگۇرىل (نولۇن) تېكىن دەۋرىدە (مىلادى 1280-1318- يىللاردا) چاغاتايلارغا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ چىن تۆمۈر دەۋرىدە (مىلادى 1352- - يىللاردا ) ئومۇملاشقان. بۇ خانلىق تايپىننۇ دەۋرىدە ( 1352- يىلى ) سەددىچىنىڭ ئىچىدىكى موڭغۇل خانلىقىغا قارام بولغان.

# بەشىنجى بىتىم

**مىلادى 1211- يىلى، موڭغول خانلىقى خانى چىنگىزخان بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خانى بارچۇقئارت تېكىن ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن.**

**بىتىمدە، كۇرۇلۇن يايلىقىدىكى موڭغول خانلىقى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىدىقۇت خانلىقى بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، موڭغول ئاسىيلىرى نايمانلارنى ۋە قاراخانىيلار دۆلىتىگە تىنجاۋۇز قىلغان قاراختايلارنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇش نىشانى بەلگىلەنگەن.**

**بۇ بىتىم بۇيىچە، موڭغول- ئۇيغۇر بىرلەشمە ئارمىيىسى قۇرۇلغان. بۇ بىرلەشمە ئارمىيە قاچاقلارنى قوغلاپ تۇتۇش ئۇرۇشى قىلىپ ياۋروپاغىچە بارغان. بارغانلىكى جايدا قارشىلىق كۆرسەتكەن دۆلەتلەرنى بوي سۇندۇرغان. تارىخچىلار بۇ بىرلەشمە ئارمىيىنى 'دۇنيانى بوي سۇندۇرغۇچى' دەپ تەسۋىرلەيدۇ.**

**بۇ ۋەقە توغرىسىدا <موڭغوللارنىڭ مەخپىي تارىخى>، <تارىخي جاھانكۇشاي>، <زەپەرنامە> لەردە تەپسىلي بايانلار بار.**

**بىتىمنىڭ تارىخي ئارقا كۆرىنىشى:**

**مىلادى 1209-يىلى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خانى بارچۇقئارت تېكىن قارا خىتاينىڭ تۇرپانغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى (باسقاق) نى ئۆلتۈرۈپ، قارا خانىيلار دۆلىتىنىڭ قاراختايغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.**

**مىلادى 2010- يىلى، بارچۇقئارت تېكىننىڭ ئەلچىلىرى چىنگىزخان ئەلچىلىرى بىلەن كۆرىشىدۇ. بارچۇقئارت تېكىن ئۆزى 1211- يىلى كۇرۇلۇن يايلىقىغا بېرىپ، چىنگىزخان بىلەن كۆرۈشۈپ،**

قارا خىتاينى بىرلىكتە يوقۇتۇشقا كېلىشىدۇ. چىڭگىزخان قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈپ، 'جاساق' ماقۇللايدۇ (ياساق، يەنى ئاساسىي قانۇن تۈزىدۇ) ۋە موڭغوللار بىلەن ئۇيغۇرلار ئىتتىپاق تۈزۈپ، مولغول ئاسىيلىرىغا (نايمانلارغا) ھەم قاراخانىيلارغا تىجاۋۇز قىلغان قاراختايلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقى جاكارلايدۇ. شۇنداقلا، ئىدىقۇت خانى بارچۇقئارت تېكىننى بەشىنجى ئوغلۇم دەپ جاكارلاپ، قاراختايلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، قىزى ئالتۇن بېكە بىلەن بارچۇقئارت تېكىننىڭ تويي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشكە لەۋزى قىلىدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان نايمان خانىنىڭ ئوغلى كۈچلۈك (تايانخاننىڭ ئوغلى) مىلادى 1132- يىلى بىر قىسىم مەرچىلەرنى باشلاپ (چىڭگىزخان نايمانلارنى' ياۋايىلار' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان مەرچى دېگەن سۆز بىلەن ئاتايتتى) غەربكە قېچىپ، قارا خانىيلار (تۈركستان) دۆلىتىگە تىجاۋۇز قىلىۋاتقان قاراختايلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. كۈچلۈك ئۇزۇن ئۆتمەي قاراختاي خانلىقىنىڭ خانى گۈرخاننى ئاغدۇرۇپ ، ئۆزىنى ' قاراختاي خانى' دەپ جاكارلاپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەلتۆكۈس يوقۇتۇشنى پىلانلايدۇ. ئالدى بىلەن ئالمىلىق خانلىقىغا ئۇچتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئوراز خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئىلى ۋادىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا باندىت ئەۋەتىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلايدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى خانى بارچۇقئارت تېكىن قارا خىتاينىڭ تۇرپانغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ( باسقاق )نى ئۆلتۈرۈپ، قارا خانىيلار دۆلىتىنىڭ قارا خىتاي تىجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

مىلادى 1210-يىلى، بارچۇقئارت تېكىننىڭ ئەلچىلىرى چىڭگىزخان ئەلچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. مىلادى 1211- يىلى بارچۇقئارت تېكىن ئۆزى كۆرۈلۈن يايلىقىغا بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈپ، قارا خىتاينى بىرلىكتە يوقۇتۇشقا كېلىشىدۇ. بىتىم بويىچە سۇبۇتاي، جەبنۇيان قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك چىڭگىزخان قوشۇنى شەرق تەرەپتىن، بارچۇقئارت تېكىن قوماندانلىقىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قوشۇنى جەنۇب تەرەپتىن قاراختايغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ.

**مىلادى 1218- يىلى، موڭغول-ئۇيغۇر بىرلەشمە ئامىيىسى بالاساغۇننى قايتۇرىۋالىدۇ. قاراختاي خانى كۈچلۈك غەربكە قاچىدۇ. بىرلەشمە قوشۇن ئۇنى قوغلاپ ۋاخان كارىدورىدا تۇتۇۋېلىپ، تارىم ۋادىسىغا ئەكىلىپ سازايى قىلىدۇ. قەشقەر، خوتەن، يەركەن قاتارلىق**

**شەھەرلەر ئۇرۇش قىلمايلا قارا ختاي خانىقىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلىدۇ. قارا ختايلار قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى شەھەر-يۇرتلاردا دىنى ئەركىنلىك يولغا قويىلىدۇ. ھەممە يۇرتتا ھۆنەر-كەسىپ راۋاجلىنىدۇ، قاراختاي قالدۇقلىرىنى يەرلىق خەلق ئۆزى تازىلايدۇ.**

**مىلادى 1219 - يىلى، سىر دەريا ۋادىسىدىكى ئوترار خانلىقىدا چىنگىزخان ئەلچىلىرىنى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن كەلگەن سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ موڭغول-ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ۋەقە يۈز بېرىدۇ. خارەزىم شاھىمۇ موڭغول قوشۇنلىرىغا ئۇچتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغايدۇ. چىنگىزخان بۇنى ئاڭلىغاندىن ئۆزى قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىدۇ. ئىدىقۇت، ئالمىلىق خانلىرىمۇ ئۆزى قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىدۇ، ئۇلار ئىرتىش دەرياسى بويىدا ئۇچرىشىدۇ.**

**چىنگىزخان بۇ قوشۇنلارنىڭ ئىچىدىن 10 مىڭ كىشىلىك خىل قوشۇن تەشكىللەپ، غەربكە يۈرۈش قىلىپ، غەرپتە قاراختاي قاچاقلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى ئەلگە بېرىپ، قوغلاپ تۇتۇش جېڭىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ***

***ئارخىلوگلار دوناي ۋادىسىدىن چىنگىزخان-بارچۇقئارت تېكىن قوماندانلىقىدىكى ھەربىي قوشۇن ياۋروپادا قىلغان ئۇرۇشلاردا قوللانغان مەخپىي ھەربىي بۇيرۇق يېزىلغان ئۇيغۇرچە تەمتەكلەرنى تاپقان. بۇ ھەقتە <تارىخ تەتقىقاتى> ژۇرنىلىنىڭ 1980- يىل 4- سانىدا سەيپىييياۋ ئەپەندىنىڭ تەتقىقات ماقالىسى بار.**

**چىنگىزخان-بارچۇقئارت تېكىن قوماندانلىقىدىكى بىرلەشمە ئارمىيە قاراختايلارنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىگە قاراتقان يەتمىش يىللىق پاراكەندىچىلىكىگە تەلتۆكۈس خاتىمە بەرگەندىن كېيىن، قارا ختايلارنى قوغلاپ چىقارغان ۋە قاراختايلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئىشغال قىلغان يۇرتلارنى ھەر قايسى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىدۇ. قىپچاق تەڭرىتاغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلارنى ئىككىنجى يۇرتلىرىنى چوڭ ئوغلى جۇجىغا؛ ئوغلى چاغاتايغا؛ ماۋرائۇننەھردىكى يۇرتلارنى ئۈچىنجى ئوغلى ئوگدايغا؛ موڭغول يۇرتلىرىنى تۆتىنجى ئوغلى تولىغا؛ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى**

**يۇرتلارنى بەشىنجى ئوغلى بارچۇقئارت تېكىننىڭ ئۆزىگە سۇيۇرغا قىلىپ بېرىدۇ.**

**تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى شەھەرلەردىن سەمەرقەند، بۇخارالارغىچە بولغان جايلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تېررىتورىيە قىلغان چاغاتاي خانلىقى ئىلى ۋادىسىدىكى ئالمىلىقنى پايتەخت قىلىدۇ؛ ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىنى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى تېررىتورىيە قىلغان ئوگداي خانلىقى قۇبۇق (قۇبۇقسار) بىلەن ئىمىل (دۆربۈلجىن) نى قوش پايتەخت قىلىدۇ؛**

**بۇ دەۋىردە تۇرپان، قۇمۇل، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، چەرچەن ، لوپنۇر قاتارلىق بوستانلىقلاردا نۇپۇس تېز كۆپىيىدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، هۆنەر-سەنئەت تەرەققى قىلىدۇ. هەيۋەتلىك سېپىل-قەلئەلەر، سەيلىگاهلار، تۇرلار (قاتناش بېكەتلىرى) بىنا قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى دۇنيانىڭ هەممە يېرىگە تارايدۇ. سودا-تىجارەتتە مالنى-مالغا ئالماشتۇرۇش شەكلىنىڭ ئورنىنى تىللا، يامبۇ، يارماق قوللۇنۇش ئېگەللەيدۇ. قارا خىتاي ئەۋلادلىرى ئائىلىۋىي قۇل-دېدەكلەرگە ئايلىنىدۇ.**

**موڭغول –ئۇيغۇر بىرلەشمە قوشۇنى مىلادى 1211 –يىلى قارا خىتايغا قارشى ئۇرۇش باشلاپ، 1219 – يىلى قارا خىتاي تىجاۋۇزچىلىرىنى قاراخانىيلار دۆلىتىدىن پۈتۈنلەي يۇقاتقانغا قەدەر ئېرتىش بويلىرى، سىر دەريا ۋادىسى، رۇس يايلاقلىرى، دۇناي ۋادىسى ۋە ئىران ئېگىزلىكىدە ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشلاردا ئاز هەم خىل ئاتلىق قىسىم بىلەن چاقماق تېز لىكىدە هۇجۇم قوزغاش تاكتىكىسىنى قوللىنىدۇ. مۇهىم نوقتىلارنى يېنىك زەمبىرەك (ئۇيغۇر زەمبىرىكى) بىلەن هەل قىلىدۇ. مەشهۇر ئۇرۇشلارنىڭ هەممىسىدە بارچۇقئارت تېكىن چىنگىزخاننىڭ يېنىدا ياندىداش قوماندان بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشلاردىن كېيىن، بارچۇقئارت تېكىن يەنە چىنگىزخان بىلەن بىللە كەڭسايدا (گەنسۇ تەۋەسىدە) ، كۆكنۇر ساهىللىرىدا (چىڭخەيدە) ۋە تاڭغۇت دۆلىتىدە (هازىرقى نىڭشا تەۋەسىدە) ئېلىپ بارغان قارا خىتاينىڭ تەسىرىنى تازىلاش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىدۇ. چىنگىزخان بارچۇقئارت تېكىننى 'تۆهپىدار'، 'غالىپ'، 'ئىنتىزامچان' دېگەن شەرەپ ئۇنۋانلىرى بىلەن قۇتلۇقلايدۇ.**

**ئىدىقۇت خانلىرى بارچۇقئارت تېكىنىدىن تېمۈر بۇقاغىچە بولغان يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، چىڭگىزخان بىلەن ئاتا-باللىق، چىڭگىزخاننىڭ شاھزادىلىرى بىلەن ئۇرۇغ-تۇغقانلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىدۇ. چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن قۇبلايخان مىلادى 1279- يىلى سەددىچىننىڭ ئىچىدە قۇرغان موڭغول خانلىقى (يۈەن سۇلالىسى)دىمۇ بارچۇقئارت تېكىننىڭ ۋارىسلىرى مۇھىم ئەمەل-مەنسەپلەردە بولىدۇ، مۇناسىۋەت ئۆزۈلۈپ قالمايدۇ. چاڭسا شەھرىدەك جەنۇپتىكى مۇھىم ستېراتېگىيىلىك جايلاردا تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن ئۇيغۇر قوماندانلارنى ئەۋەتىدۇ. قۇبلاي خان يەنە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئۇستىلارنى خانبالىققا ئەكىلىپ، 'ئۇيغۇر توپ' قاتارلىق ھەرخىل ئىلغار ھەربىي قورال ياساتقۇزۇپ، ئۇزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.**

**مىلادى 16 –ئەسىرگە كەلگەندە، بىر قىسىم چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، موڭغوللارنىڭ ئەسلىدىكى شامانىزم، بۇددىزم ئەنئەنىلىرىنى قايتىدىن تەرەققى قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ ۋە بۇ جەرياندا لاما دىنىنى تاللىۋالىدۇ. بۇ زاماندا جوڭغار قەبىلىلىرى چىڭگىزخان ۋەسىيىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، چىڭگىزخان ئۇيغۇرلارغا بەرگەن ئىمتىيازلارغا ئۆكتى قوپىدۇ.**

**بىتىمنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى:**

**▲<چىڭگىزخان قانۇنى> نى چىڭگىزخان مىلادى 1211 يىلى كۇرۇلۇن يايلىقىدا قۇرۇلتاي ( داغدۇغىلىق مۇراسىم) ئۆتكۈزۈپ جاكارلىغان 60 ماددىلىق 'جاساق' (ئاساسى قانۇن). بۇ ئاساسىي قانۇننىڭ بەشىنچى ماددىسىدا، موڭغوللار ئۇيغۇر يېزىقى ئۆگىنىشنى بالا چېغىدىن باشلاش شەرت دەپ بەلگىلەنگەن.**

**▲<نايمان خانلىقى> چىڭگىزخاننىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان بىر موڭغول قەبىلىسى (چىڭگىزخاننىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن دەپ ئېيىپلانغان). نايمان خانىنىڭ ئىسمى تايانغان، ئۇنىڭ ئوغلى كۈچلۈك مىلادى 1132- يىلى بىر قىسىم مەرچىلەرنى (چىڭگىزخان نايمانلارنى'ياۋايى' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان**

سۆز بىلەن 'مەرچى' دەپ ئاتىغان) **باشلاپ غەربكە كېلىپ، بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىغا (تۈركىستانغا) تىجاۋۇز قىلىۋاتقان قارا خىتايلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، قاراختاي خانلىقىنىڭ خانى گۇرخاننى ئاغدۇرۇپ، ئۆزىنى 'قاراختاي خانى' دەپ جاكارلاپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى يوقۇتۇشنى پىلانلايدۇ. ئالدى بىلەن ئالمىلىق خانلىقىغا ئۇچتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئوزار خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئېلى ۋادىسىنى بۇلاڭ-تالان قىلىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا باندىت ئەۋەتىپ پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلايدۇ.**

**▲ <u><قاراختاي خانلىقى></u> مەنىسى غەربىي خىتاي خانلىقى، موڭغۇل تارىخچىسى بات ئەردەنى بائابار** (**1954**- يىلى ئۇلانباتۇردا تۇغۇلغان، **1980** – يىللاردا موسكۋادە ئوقۇغان، **1990** – يىللاردا لوندوندا تەتقىق بىلەن شۇغۇللانغان) **نىڭ بايان قىلىشىچە، قاراختايلار ئەڭ بۇرۇن خىتايلاشقان بىر موڭغۇل قەبىلىسى. ئۇلارنىڭ ئەسلى نامى'قىتان' . بۇ قوۋمنىڭ سەردارى ياللۇغ تاشىن خىتايچە ھىلە-مىكرىنى ياخشى ئۆگەنگەن ھەم موڭغۇللاردەك قاراملىق قىلالايدىغان كىشى. بۇ خىتايلاشقان موڭغۇللار مىلادى 1115 – يىلى ھازىرقى بېيجىڭ شەھرى بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيە ئارىلىقىدا ياشايدىغان جۇرجىت قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسىم زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، بىر دۆلەت قۇرۇپ، ئۇنى 'لياۋ' دەپ ئاتىغان. بۇ دۆلەت مىلادى 1123 – يىلى جۇرجىت قەبىلىلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ 40 مىڭ ئادىمى كۆكخوت تەرەپكە كۆچىدۇ. ئۇ يەردىن قوغلانغاندا تاڭغۇت** (ھازىرقى نىڭشا) **تەرەپكە كۆچىدۇ. تاڭغۇتلار تەرىپىدىن قوغلانغاندا ئىدىقۇت چېگرىسىغا كېلىپ، تۈرك-ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە تەڭرىگە ئاتاپ قوڭۇر ئۆكۈز بىلەن ئاق ئاتنى قۇربانلىق قىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئەرەپ يۇرتلىرىغا كېتىشكە يول ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇ قارا خىتايلارنى 'مەدەنىيەتلىك قوۋم ئىكەن' دەپ قاراپ، ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ زېمىنى ئارقىلىق غەربكە ئۆتۈشكە يول بېرىدۇ.**

**بۇ قاراختايلار بالاساغۇن تەۋەسىگە كېلىپ قارشىلىققا ئۇچرىغاندا، يەرلىك خەلق بىلەن ئۇرۇش قىلماي ، ئېمىل** (تارباغاتاي تەۋەسىدە) **تەۋەدىگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. مىلادى 1132 – يىلى 'قاراختاي خانلىقى' دېگەن بىر دۆلەتنى قۇرىدۇ. تاتار، كانجۇت قوۋملىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، تېز سۈرئەت بىلەن سەمەرقەنت، يەتتەسۇ تەرەپلەرگە كېڭىيىدۇ. يەرلىكتىن كۆپلەپ**

ئەسكەر ئېلىپ، كۆچلىنىپ، ئۆزلىرىنى 'قاراخانىيلار خىتايلىرى' دەپ ئاتايدۇ. بالاساغۇنغا كېلىپ قىرغىزلانى بوي سۇندۇرىدۇ.

قەشقەر، يەركەن، خوتەن، تۇرپانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى بوي سۇنۇشقا ئۈندەيدۇ. تا چىنگىزخان بىلەن بارچۇقئارت تېكىنىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى 1218 – يىلى قاراختاي

خانلىقىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغانغا قەدەر بولغان 70 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، مۇجەزى موڭغولدەك قارام ، خۇي-پەيلى خىتايدىن ھېلىگەر ھەم تۈركىي تىل ۋە قائىدىلىرىنى ئۆگۈنىۋالغان 'قارا خىتايلار' قاراخانىيلار دۆلتىگە پاراكەندىچىلىك سېلىشنى توختاتمايدۇ. ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيتى ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

# ئالتىنچى بىتىم

**مىلادى 1946– يىلى 2 –ئاينىڭ 1 –كۈنى جوڭخۇامىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن.**


**بۇ بىتىمنى تارىخچىلار، بولۇپمۇ بۇ بىتىمگە مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرلار يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىغە 'جوڭخۇامىنگو ۋەكىلى بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمۇرىيىتى ۋەكىللىرى تۈزگەن 11 ماددىلىق بىتىم' دەپ كىتابقا يېزىپ ھەم ئاغزىدا سۆزلەپ كېلىۋاتقان ئىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ بىتىمنىڭ نامى ئىككى تەرەپ ئىمزا قويغان قولىيازمىدا <مەركىزى جوڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن شىڭجاڭ دىكى ئىدارە قىلىنىۋاتقان جايلارنى ئىشغال قىلغان خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق جاڭجال مەسىلىسىنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىش توغرۇلۇق بىتىم> دەپ يېزىلغان ئىكەن . تۆۋەندىكى فوتو رەسىمگە قاراڭ:**






مركزی جوڭگو حكومتی بلەن شاڭ جاڭدیكی اختلال قلغان جایلرنی اشغال قلغان خلق وەكیللیری اوتورسیدا قوراللیق جانجال مسئلەسینی تینچلیق یول بلەن حل قلش توغرلیق بتم.

بىتىمنىڭ مەزمۇنى: مەركىزى جوڭ گو ھۆكۈمىتى بىلەن شىڭ جاڭ دىكى ئىدارە قىلىنىۋاتقان جايلارنى ئىشغال قىلغان خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قوراللىق جاڭجال مەسىلىسىنى تىنچلىق يول بىلەن ھەل قىلىش توغرۇلۇق بىتىم.



جوڭخوا مینگوەنڭ 35 نچی یلی 1 نچی ئاینڭ 22 نچی كونی.
2/1- 1946.

جوڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى: جاڭجىزجوڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىرھاجى

ئوبۇلخەيرى پاشا

ئەھمەد قاسىمى

جوڭخۇا مىنگونىڭ 35-يىلى 1-ئاينىڭ 2- كۈنى.

1946 -2/1

يۇقارقى ئىمزالانغان قولىيازمىدا 'جوڭخۇا مىنگو' نىڭ نامى 'جوڭ گو ' دەپمۇ ئاتالغان؛ ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ زىمىننىڭ نامى 'شىڭ جاڭ' دەپ ئاتالغان.

جوڭخۇا مىنگو دېگەن دۆلەتتە قوللىنىلىدىغان 'ختاي تىلى' نىڭ نامى 'دۆلەت تىلى' دەپ ئاتالغان؛ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلى 'مۇسۇلمان تىلى' دەپ ئاتالغان.

**بىتىمنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرنىشى:**

▲ <جوڭخۇا مىنگو> ختاي مىللەتچىسى سۈنجوڭسەن سەددىچىنىنىڭ ئىچىدە مىلادى 1644- 1911-يىللاردا مەۋجۇت بولغان مانجۇ خانلىقى (چىڭ سۇلالىسى)نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ قۇرغان ختاي دۆلىتى. بۇ دۆلەت 1912-يىلدىن 1049- يىلغىچە داۋاملاشقان.

سۈنجوڭسەندىن كېيىن، بۇ دۆلەتكە گومىنداڭ (ۋەتەن مىللەت پارتىيىسى) نى قۇرغان جاڭكەيشى ھۆكۈمرانلىق قىلدۇ. ئۇ، 1949 -يىلى جوڭگو كوممۇنىست پارتىيىسى

(سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرغان) بىلەن بولغان ئىچكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇقتىن تەيۋەن ئارىلىغا چېكىنىپ، 'جوڭخۇا مىنگو' نىڭ دۆلەت نامىنى ساقلاپ قالىدۇ. جوڭخۇا مىنگو 1971-يىلىدىن كېيىن، پەقەت تەيۋەن، پېڭخۇ، جىنمېن، مازۇ ئاراللىرىنىلا ئىدارە قىلالايدىغان دۆلەتكە ئايلىنىدۇ ۋە خەلقئارادا 'جوڭگو ' غا ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

جوڭخۇامىنگو دۆلىتى قۇرۇلغاندا (1912 – يىلى) 'بەش مىللەتلىك جۇمھۇرىيەت' دەپ ئاتالغان. بۇ بەش مىللەتنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر يوق . ئۇنىڭ دۆلەت بايرىقى قىزىل، سېرىق، كۆك، ئاق ۋە قارا بەش خىل رەڭلىك بايراق بولۇپ، بۇ بەش خىل رەڭنى خىتاي، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان (خۇيزۇ)، تىبەت دېگەن بەش مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ جاكارلىغان.

1928 –يىلىغا كەلگەندە، جاڭكەيشى جوڭخۇا مىنگونىڭ بەش رەڭلىك بايرىقىنى يېشىل ئاسمان يۇرۇق كۈن شەكىللىك بايراققا ئۆزگەرتىدۇ ( ھازىرقى جوڭخۇا مىنگو بايرىقى شۇ). شۇنداقلا داغۇر، ئىلنچۈن، ئىۋىنكى، شىبە، تۇجىيا، يۈگۇرلارنى موڭغۇل مىللىتىنىڭ تارمىقى ؛ ئۇيغۇر، قازاق، تاجىك، تاتار، قىرغىز، ئۆزبېك، دوڭشياڭ، سالار، باۋئەنلەرنى مۇسۇلمان(خۇيزۇ) مىللىتىنىڭ تارمىقى؛ لوبا، مىنبالارنى تىبەتلەرنىڭ تارمىقى: ئۇنىڭدىن باشقىلارنى خىتايلارنىڭ تارمىقى دەپ ئېلان قىلىدۇ.

▲ <شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى> 1944-يىلى 11-ئاينىڭ 12- كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان، 1946-يىل7-ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە يەنى <جوڭخۇا مىنگو شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت> قۇرۇلغانغا قەدەر مەۋجۇت. بۇ جۇمھۇرىيەت ئۆز دەۋرىدە ئىلى ، ئالتاي ، چۆچەكتىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ئىدارە قىلغان،ئۇنىڭ تەشەببۇس -چاقىرىقلىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ھەممە يۇرتلارغا يېتىپ تۇرغان. بۇ <شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى> قوراللىق ئۇرۇش ئارقىلىق مانجۇ خانلىقىنىڭ تىجاۋۇزىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇش ئالدىدا تۇرغاندا، خىتاينىڭ جوڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ بىتىم تۈزۈپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇپ، ئۆزىنى قورالسىزلاندۇرىدۇ. كېيىن بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت گۇمران بولۇشقا يۈزلەنگەندە، 1949 – يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايدا قۇرغان <جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىتى> تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ.

▲<مانجۇ خانلىقى> ۋە <يېڭى چېگرا> سەددىچىنىنىڭ سىرتىدىكى مانجۇلار مىلادى 1644-يىلى سەددىچىننى بۆسۈپ ئۆتۈپ ، خىتاي مىللەتچىلىكى ئەۋج ئالغان مىڭ سۇلالىسى( مىلادى

**1368-1644 – يىللاردا مەۋجۇت)نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ مانجۇ خانلىقى (چىڭ سۇلالىسى) قۇرىدۇ. بۇ سۇلالە مىلادى 1911- يىلىغىچە داۋاملىشىدۇ.**

**مانجۇ خانلىقى مىلادى 1750- يىلى ئىلى ۋادىسىغا تىجاۋۇز قىلىشقا باشلايدۇ ۋە ئىشغال قىلغان جايلاردا 1884- يىلى 'شىنجاڭ' (يېڭى چېگرا) ئۆلكىسى تەسىس قىلىدۇ. شۇ يىللاردىن كېيىن ئىلى ۋادىسىدىكى غۇلجا قاتارلىق يۇرتلاردا موڭغول ئىستىلاسىغا قارشى قوزغىلاڭ توختىمايدۇ.**

**گەرچە جوڭخۇا مىنگو دۆلىتى 1911- يىلى موڭغول خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ موڭغول خانلىقىنىڭ 'شىنجاڭ'نى (يېڭى چېگراسىنى) ئىدارە قىلالمايدۇ. مانجۇ خانلىقى 'شىنجاڭ ئۆلكىسى' گە ئەۋەتكەن ئەمەلدارى شېڭسسەي ئاللىقاچان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بولشۇۋىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىۋېلىپ، مانجۇ خانلىقىدىن يۈز ئۆرىگەن ئىدى.**

**1942- يىلىغا كەلگەندە، جوڭخۇا مىنگو پىرىزىدېنتى جاڭكەيشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇماشتىسى شېڭسسەينى ختاي مىللەتچىلىكىگە قىزىقتۇرۇپ ئۆزىگە تارتىپ مەركەزگە يۆتكەپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايونغا گومىنداڭ پىرقىسى (دۆلەت مىللەت پارتىيىسىنىڭ ئاساسىيقاتلام تەشكىلاتى) ۋە جوڭخۇا مىنگونىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنى كىرىشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا غۇلجا قاتارلىق يۇرتلاردا مانجۇ خانلىقى دەۋرىدە پارتلىغان ئىلى قوزغىلىڭى تېخىمۇ ئەۋج ئالىدۇ.**

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىپ مەخپىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان 'غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى' 1944 – يىلى 11 –ئاينىڭ 9 – كۈنى غۇلجىدا چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئوفىتسېرى پېتىر رومانوۋېچ بىلەن ختاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ مەخپىي تەشكىلات ئەزاسى، غۇلجىدا تۇغۇلغان ئۇيغۇر ئابدۇكېرىم ئاباسوف 11 – ئاينىڭ 6 – كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر قوراللىق قىسىمنى باشلاپ قورغاس ئارقىلىق غۇلجىغا كېلىدۇ. 'غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى' يېتەكچىلىكىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭ كەينى –كەينىدىن غەلىبىگە ئېرىشىپ، 11 -ئاينىڭ 12 – كۈنى <شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى> قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ.**

**سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جوڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى 1945-يىلى 8- ئاينىڭ 15 – كۈنى <جوڭگو-سوۋېت دوستلۇق ئەھدىنامىسى> ئىمزالىغاندىن كېيىن، <شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى> ئۆزى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان جوڭخۇا مىنگو بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، 1946- يىلى 1- ئاينىڭ 2- كۈنى 11 بىتىم تۈزۈپ قايتىدىن 'جوڭگو شىنجاڭ' (ختاينىڭ يېڭى چېگراسى) دېگەن نام ئاستىغا كىرىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى**

**تارقىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايدا 1949-يىلى 10 – ئايدا قۇرغان جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسى ئەۋۋەل جوڭخۇا مىنگوغا، ئاندىن جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. بۇ جەرياندا سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ جاسۇسلىرى ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.**

**▲ جاڭجىجوڭ (1890 -1969-يىللاردا ھايات) خىتاي، ئەنخۇيدا تۇغۇلغان، گومىنداڭ ئارمىيىسي گېنىرالى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈم باشلىقى، گومىنداڭ ئارمىيىسى غەربىي شىمال بارىگاھىنىڭ مۇدىرى، جوڭخۇا مىنگو مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنى ئويۇشتۇرغۇچى، جوڭخۇا مىنگو شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى. 1949- يىلىدىن كېيىن جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتي دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.**

**▲ رەھىمجان سابىرھاجى (1906 -1973-يىللاردا ھايات) ئۇيغۇر، غۇلجىدا تۇغۇلغان، كاتتا سودىگەر، غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى يېتەكچىلىرىنىڭ بىرى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش سۆھبەت ۋەكىلى، جوڭخۇا مىنگو شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەزاسى، 1949- يىلىدىن كېيىن جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۆلكىسى خەلق ئىشلار نازىرى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى.**

**▲ ئوبۇلخەيرى پاشا ( 1890 – 1970-يىللاردا ھايات)، ئوبۇلخەيرى تۆرە دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قازاق، نىلقىدا 'تۆرە' مەرتىۋىلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزاسى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى، ئىلى ۋىلايىتى مۇئاۋىن ۋالىسى، 1949 –يىلىدىن كېيىن جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئەزاسى.**

**▲ ئەھمەد قاسىمى (1914 -1949-يىللاردا ھايات) ، ئەخمەدجان قاسىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇيغۇر، غۇلجىدا تۇغۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا موسكۋا ئەمگەكچىلەر كوممۇنىزم ئىنىستوتىدا ئوقۇغان، 1942 – يىلى غۇلجا قاتارلىق جايلاردا مەخپىي ئىنقىلابىي ھەركەت بىلەن شۇغۇللانغان، 1943 – يىلى شىڭسسەي تۈرمىدىن بوشاتقاندىن كيىن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق**

هۆكۈمەت  ئەزاسى، ھەربىي ئىشلار نازىرى، سۆھبەت ۋەكىلى.  <11 بېتم> دىن كيين جوڭخۇا منگو شنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە هۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسى.  ' شنجاڭدا جاهانگېرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىق ۋە خەلقچىلىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى'  دېگەن تەشكىلاتنىڭ مەركىزى كومىتېت رەئىسى.  1949 – يىلى 8 –ئايدا  جوڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۆتكۈزىلىدىغان سياسي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈ بېيجىڭگە ماڭىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئۇنى ئايروپىلان هادىسىگە ئۇچراپ قازا قىلدى دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىز باسارى سەيپىدىن ئەزىزى ماۋزېدوڭغا ئەگىشىپ هازىرقى <شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنى>نى قۇرۇپ چىقىدۇ.

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

**<u>ئاپتور</u>: قۇربان ۋەلى، مۇستەقىل تەتقىقاتچى**
**2012 - يىلى ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدىن ئارامغا چىققان**

**<u>تەتقىقات دائىرىسى:</u>**
**تۈركىي، ھىندى - ياۋروپا، خىتاي تىل - مەدەنىيەتلىرى بۇيىچە سېلىشتۇرما تەتقىقات**

**<u>كەسپىي بىلىم:</u>**
**✪1979 - 82 - يىللاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرستى جەنۇبىي ئاسىيا ئىنىستوتى ئاسپىرانتلار سىنىپىنىڭ سانسكرىت كەسپىنى پۈتتۈرگەن**
**✪1972 - 75 - يىللاردا شىئەن غەربىي-شىمال ئۇنىۋېرستى تارىخ پاكولتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن. شىئەن، يەنئەن، دۇنخۇاڭ، تۇرپان، مېرەنلەردە پراكتېكا كۆرگەن.**

**<u>ئەسەرلىرى:</u>**
**✪<بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز> 1986 –يىلى، ئۈرۈمچى**
**✪<قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى> 1987-يىلى، ئۈرۈمچى**
**✪<قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى> 1989- يىلى، ئۈرۈمچى**
**✪ <ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا> 2015 -يىلى،**

**<u>خىتاي ھۆكۈمىتى بەرگەن ‘نام- ئۇنۋان’ لار:</u>**
**✪1988 <شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس>**
**✪1987 <شىنجاڭدىكى قەدىمقى يېزىقلارنىڭ سىرىنى ئاچقان كىشى> ( <خەلق گېزىتى> خەۋىرى، 1987-يىل 1-ئاي 23-كۈنىدىكى سانىدا )**
**✪1986 <شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۆھپىدار پەن - تېخنىكا خادىمى> ...**

**نەشىر قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ تەسرى :**

✪ <تيانشان دېگەن نام ھەققىدە مۇلاھىزە> (1981-يىلى يازغان) دېگەن ماقالىسىغا قارىتا خىتاي ھۆكۈمىتى چەكلەش بۇيرۇقى چىقارغان، (ھازىرغىچە)

✪ <مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى> (1983 - يىلى يازغان) ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، مەبلەغ ئاجرىتىلىپ 'مەھمۇد قەشقەرى مازىرى' بىنا قىلىدۇرۇلغان.

✪ <بۇغراخانلار تەزكىرىسى>نى نەشىر قىلىشتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 'قەدىمقى قولىيازمىلارنى ئۆزگەرتىپ نەشىر قىلىش' ھەققىدىكى مەخپى بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمىغانلىقتىن 1990 - يىلى 'بارىن توپۇلىڭىنى قوزغاتتى' دەپ قارىلانغان.

✪ 1988- يىلى قەدىمقى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلاردىن رەتلەپ، تەھرىرلەپ نەشىر قىلدۇرغان <ئۇيغۇر ھۆنەر-كەسىپ رىسالىلىرى> 2001 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەردە چوڭ يىغىن ئېچىپ كۆيدۈرۈلگەن.

**خىزمەت تەجرىبىسى:**

✪ 1998-2012-يىللاردا ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدا مۇخبىر

✪ 1986-1992-يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمقى ئەسەرلەر رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئەزاسى، ئىشخانا مۇدىرى، باش تەھرىر ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستى ئاسپىرانت يېتەكچىسى

✪1975-1986-يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ئارخېئولوگ

✪1962-1972-يىللاردا بايىغۇلىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتتە تەرجىمان

**يۇرتى:**

1946-يىلى12-ئاينىڭ 25-كۈنى چەرچەندە كارۋان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.